ئەخمەتجان ئوسمان

# روھ پەسلى



2

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئەخمەتجان ئوسمان

# روھ پەسلى

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


شائىر ........................................ 1
سېنى چاقىردىم ........................................ 2
تەۋەررۈك ........................................ 3
ئەتە ........................................ 4
ۋەھدەت ........................................ 6
ۋەتەن ........................................ 7
بەڭگە ........................................ 8
سۆز ۋە مەنە ئارا بوشلۇقتا ........................................ 9
ئاي ۋە بۇلاق ........................................ 12
يارىلىش يىلنامىلىرى ........................................ 14
شەبنەم سايىسى ........................................ 21
تەن ........................................ 23
قۇياش — ئەقىدە ........................................ 25
ئۇيغۇرچە تۇيغۇلار ........................................ 27
سېنتەبىردىكى ئۇچرىشىش ........................................ 31
ئوغۇز ........................................ 32
مۆجىزە ........................................ 37
شامال ھەققىدە چۆچەك ........................................ 42
ئارمان ........................................ 44
ئىلتىجا ........................................ 45
نېچۈن ........................................ 46

# شائىر

قەلبىڭ سوقۇشلىرىنى ھىلال ئايغا ئاسقانچە يۈرۈپ كەتتىڭ. دولقۇنلار ئۈستىدە مەجنۇن شامالغا ياندىشىپ ئولتۇرۇپ، سېنى يىغا باستى.

چۈش سېنى چۈشەيدۇ:

پىچاق بىسى ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتار ئىدىڭ، گۆگۈم ئويغانغاندا، كارىۋاتىڭنىڭ ئۈستىدە بوران يالىڭاچلاندى، نېچۈن تارتىندىڭ؟! يوللاردىن سورا: ساڭا پەقەت يارىلا مەنسۇپ. شۇنداقلا، پەسلەر سېنىڭ باش سۆڭىكىڭگە ئويۇلغان ئىبلىسبەنى ئوقۇش ئۈچۈن كېلىدۇ.

شائىر،

يەرنى ياراڭغا كۆمۈپ كەت!

1985 ـ يىل

# سېنى چاقىردىم

چۆچۈپ ئويغاندىم،
بوزۇلغاندا چۈشۈم توساتتىن،
ۋۇجۇدۇمدا قارا تامچىلار. . .
دېرىزىدىن باقتىم ساماغا،
ئاي شۇڭغۇيدۇ بۇلۇت ئىچىگە.
يۇلتۇزلار يانىدۇ
تەشۋىش بېرىپ يالغۇز كېچىگە.
ئەينەكلەرگە ئۇرۇلار خازان،
بوران ھۇۋلايدۇ. . .
قارا باستى مېنى
كەل . . .
كەل . . .
كەل . . .
سۆيۈملۈكۈم! چاقىردىم سېنى.

1985 - يىل



# تەۋەررۇك

بىر چۆچەك بار،
بىر
چۆچەك!
چوڭايمايدۇ، گاس، قارىغۇ، كېكەچ. . .
يۇرمەكتە ئۆمىلەپ
ئەجدادىمنىڭ كۆلى ئۈستىدە.

1985 - يىل

## ئەتە

1

جىمجىت كېچە... ٠
پىچىرلىندى تارىم تۈيۈقسىز.
— تەكلىماكان...
ھەي، تەكلىماكان!
ئۆيلەپ قويساق سادىرنى، قانداق؟
نوزۇگۇمنۇ بەلەن قىز.

2

تەكلىماكان
غودۇڭشىدى ئۈيقۇ ئارىلاش.
— ئەتە... ئەتە...
ئۇخلا ... ئۇخلا ...
چارچاپ قالما ئۈي...قۇ...سىز......



3

ئۇخلىيالمىدى،
ئەسنەپ ياتتى ئۆزاققىچە.

1985 ـ يىل

## ۋەھدەت

ئولتۇرىمەن
قارىچۇقىدا جاھاننىڭ،
پەرۋايىسىم پەلەك
يۇمامدۇ ئۇ كۆزىنى ياكى ئاچامدۇ!

1986 - يىل



## ۋەتەن

لورىلىمۇ سەن؟
ئېزىقتۇردى ناخشاڭ مېنى.
خادا تاشقا سوقۇلدۇم.
پەرھات بولمىدىم،
تاھىر بولمىدىم،
ھەسرىتىڭدە
سارائىلىققا سۇنۇلدۇم.
سۆيگۈڭ ئابىدە،
ئۆزۈڭ ئېزىتقۇ.

1986 - يىل

## بەڭگە

بىر ئۇرام دۇنيا بۇ،
يىرت
بۇرجىكىنى ئاسماننىڭ،
ئۇرا. . .
موخۇركىغا ئۆلۈمدىنمۇ ئامراق سىردىشىم.

يۇرسەڭ،
تۆكۈلۈپ تۇرار يانچۇقىڭدىن رومانلىرىڭ،
تىرىۋالار كىچىسى
قوللىرىنى سوزۇپ يۇلتۇزلار.

1986 - يىل



## سۆز ۋە مەنە ئارا بوشلۇقتا

ئاڭلايمەن ئىچىلماقتا يوشۇرۇن ئىشىك
ئاستا . . . ئاستا. . .
سىرغىماقتا قەدەملەر،
هودۇقتۇرار ئۇنى سۇكۇت ئويغىنىشى
جىن پەرىلەر چۇۋۇۋاتقان كارىۋات ئۈستىدە.
توساتتىن ۋارقىرايدۇ،
قاچار شەكىللەر،
ئىتلار هۇۋشار، يولۋاس ئۆتەر چاقماقتەك،
چۈشۈپ كىتەر ۋاقىت بوپىسى،
دەقىقىلەر چىچىلار يەرگە،
تىرىۋالار ئۇچقان كەپتەرلەر
قىرغاقتا ئەسنەپ تۇرغان قولۋاق تاماق.
ئەي، هىجرانكار قىز!
تەشكىن ۋىسال يۈزىنى،
ئەينەكلەردىن چىققىن ئۇندا كۆپەيمەكتىسەن.
ئۆگەتكىن ماڭا ساڭا يىتەر يولنى،
يوشۇرۇنۇۋالغانسەن ئۇندا

ھاۋا بىلەن سۇ چىملىرى ئوتتۇرىسىدا. . .
سۆز ۋە مەنە ئارا بوشلۇقتا
مەڭگۈلۈككە جازالانغان قىز!
ئۈستۈڭدىن ئۆرۈپ يەرنى ئۈنۈپ چىققىن،
بۇ ئېگىز پاسىللارنى بېسىپ ئۆت، ئەي ي ي. . .
سەن زادى كەلمەيدىغان ئۈشتۈمتۇت قىز.
دېڭىز پەرىلىرى كۆزەت قىلغان
تاشلاردىن قانداقسىگە سەن سىرغىيسەن؟!
بېلىقلارغا زۇلمەت يايغان نۇرنىڭ كەينىدە
تەشمەكتىسەن ئۇۋ كۆيىدە ھارغان يەلكەننى،
يۇگۈرۈشىدۇ ئۇندا دولقۇنلار
كۆتۈرگەنچە بوۋاقنى
پاكلاش ئۈچۈن ئىلاھى سۇدا.

ئەي، زەھەرلىك قىز!
نەشتىرىڭنى سانجىماقتىسەن
بارماقلىرىڭ ئاستىدىن قاچقان چىملارغا. . .
ئەي، سەن شوخ جانان،
ئەلمىساق ئېگىپ قويغان پۈتلىرىڭنىڭ ئۇچىدا
قاچماقتىسەن قوپۇۋالغان خەنجەرلەرنىڭ ئۈستىدە،
سۆرىگەن پېتى .



تېشىش ھەۋسى سەمرىتكەن ئوردىلارنى،
ھەم پارتلايدۇ قارنىڭدا كۆلكە
پارچە
پارچە
پارچىلاپ سېنى.

ھەۋەسنىڭ چىتلاقلىرى كەينىدە
چىللىماقتا جىن خورازلىرى
چېچەك قادىر كۆتۈرۈشكە يەلكىسىدە تۇرمىنى
ھەمدە لەززەت قالار بىگۇناھ.

1988 - يىل

# ئاي ۋە بۇلاق

1

ئاسماندا ئاي سارغايغان شۇنچە. . .
بۇلاقتىكى ئاي
پۇشتىلىرىنى يىغار چىچەكنىڭ
ھاۋادا توزغان نەبى مۇردىسىدىن.

2

بۇلاق ئاستا ئۇيغۇتىدۇ چىملارنى،
بىر رىۋايەت كەلدى ئېسىگە:
كىرگەنمىش ئاي تۇيغۇ بېغىغا،
قاپتۇ شۇدەم بوغۇزلانغان توزغا ئايلىنىپ.



3

ئاي شولىسى جىمىققاندا كۆزۈمدە. . .
بۇلاقتا غايىپ بولۇپ كېچە يەلكىنى،
يۇلتۇزلارغا ئايلىنار تەنلەر،
يۇلتۇزلارغا ئايلىنار تەنلەر،
گۇناھ — بايرامغا.
ئاي يۇيىدۇ نۇردا بۇلاق ئېسىنى،
بۇلاق —
تۈنىنىڭ يۈكسەكلىرىدىن
ئۆركەشلىگەن
ئاي.

1990 – يىل

# يارىلىش يىلنامىلىرى

## مۇقەددىمە

ياۋا تۇلپار شۇنداق تۇغۇلغان. . .
ئاققاندا ئۆلۈم سۇيى بويىندىن ئۈزۈلگەن قوڭغۇراقتىن،
كۆزلىرىدىن يانغىن ۋە قار ئەھدىنامىسى
خاتىرىلەنگەن كىتاب كەبى ئېتىلغان قۇياش
ئاسمان يارىتىپ ھۆكۈم سۈرگەن ئۆز تەختىدە
بولۇپ ئوت ئۇقيا.
قىسقىغىنا ھاياتىنى ئايلاندۇرۇپ يوچۇن شامالغا
زېمىن بولۇپ ئۆلگەندى تۇلپارمۇ.
تۇلپارغا ئېتىلغاندا تۇنجى ئوت ئۇقيا
تۆرەلدىم چالا تۇغۇم بولۇپ شامالدىن
بىر قولۇمدا ئۈركىگەن دېڭىز،
بىر قولۇمدا ئەڭگۈشتەر.



## 1. تۇلپار يىلنامىسى

ئاشىق جەسىتى سېسىۋاتقان كارىۋات ئۈستىدە
تولغاق يېگەن ئايالنىڭ كۆز گۆھىرى
تەنھا دەرەخ ياپراقلىرىدىن تامغان ئۇچقۇننى
سۈمۈرگەننى كۆرۈپ يىراقتىن
ئېسىدىن قاققان ھالدا داتلارنى
قوپماقتا قىلىچ.

— ئاشىق ئىزاھى:
ئاداققى بەيگىدىن قالغان يۈرىكى
شەپەق يېيىپ پاتقان چاغدا ئۇپۇقتا،
تۇتۇنلەردىن ئۆزلەپ كۆككە كۆزلىرى
يانغان
بىرى قۇتۇپ يۇلتۇزى
بىر چولپان.

— قىلىچ ئىزاھى:
ئېسىقلىق تۇرار بوۋاقنىڭ گۇڭگا ئېسى تېمىدا،
يىراق باليياتقۇدا ئۇزاق كۇتۇپ كىشنەيدۇ تۇلپار.

## 2. ئۆلۈم سۈيى يىلنامىسى

ئانىلىق ئۆلۈمدە تۇغۇلغان بالا
كۆيۈك بۇلاقتا يۇيۇپ ھارغىن چوقانلىرىنى
ئۆمۈچۈك تورلىرىدا توقۇلغان شەھەرلەرگە يېقىن ئۆڭكۈردە
سۆرىمەكتە ئۇنتۇلغان ئەلمىساقتىن
كېچە ئەينەكلىرىگە قۇملار بىلەن ئويۇلغان
شۇ تەۋەررۇك كېمىنى.

— كېچە ئەينەكلىرى ئىزاھى:
ئاققۇ قېنىدا سۈكۈناتى چېقىلغان كۆل...
ئۆگىدىگەن چاغدا چەكسىز ئىنتىزارلىقى
ئاڭا چۈشكەن نىمجان خىزىر سايىسىدىن
ئۈنۈپ چىقتى ئارمان نىلۇپەر.
— كېمە ئىزاھى:
قىلىچ تۇتقان بالا
تۇلپارنى
سۇغارماقتا ئۆلۈم سۈيىدە.



## 3. قوڭغۇراق يىلنامىسى

توپان باسقان قەبرىستاننى كۆزەت قىلغان ئاي شولىسى
ئۇچۇرۇپ قويغان
مەڭگۈ تۈنەپ كەلگەن
ئېچىرقىغان قۇش
ئەلەم دولقۇنلىرى ئۆرلىۋاتقان شورلۇق قىرغاقتا
تەشمە ـ تەشمە قىلىپ شامالغا يېيىلغان يەلكەننى
سېھىرلىدى كاپىتاننى قىيا تاشقا.

— قۇش ئىزاھى:
تەنىنىڭ ئالتۇن چەمبىرىكى ئىچىدە
قورۇنماقتا روھ.
— قىيا تاش ئىزاھى:
تۇلپارنى ئۆلۈم سۈيىدە سۇغارغان شۇ يوچۇن گەۋدە
قىلىچىنى ئورغان چاغدا ئاي شولىسى قۇشقا
ئۈنۈپ چىقتى جەزىرىدىن قەدىم قوڭغۇراق.

## 4. ئەھدىنامە يىلنامىسى

قوياش چىغ ھەيكەلگە ئايلانغان ئاسمان ئاستىدا

دەريالارنى بوران غاجىغان زېمىن ئۈستىدە
كۆتەر قاننى كۆكلەتكۈچى ساقىنى تاش سۇلالىسى
ئۈستەل بولۇپ قەبرىلەر
قەدەھ بولۇپ خاتىرە تاشلار.

— قان ئىزاھى:
ئەس ھەۋەسنى قۇچاقلىغاندا
ئارىسىدىن سىرغىپ چىققان تۇپراق ئۈستىدە
شەھەرلەر شىرنىلىشەر ئازاب ئالمىسى.
— ساقى ئىزاھى:
قىلىچىغا ئاي شولىسى قوشى ئېسىلغان،
تۇلپارنى ئۆلۈم سۈيىدە سۇغارغان نەبى
جەزىرىدىن ئۈنگەن قەدىم قوڭغۇراقلا
نەقىشلىدى قان كۆكلىمى ئەھدىنامىسى.

## 5. ئوت ئوقيا يىلنامىسى

خاتىرىلەنمىگەن.



## 6. شامال يىلنامىسى

ئاداققى بەيگىدىن قېپقالغان يۈرەك
ئاققۇ قېنى سۈكۈناتنى بۇلغىغان كۆلدە
كېڭەيتمەكتە تەننىڭ ئالتۇن چەمبىرىكىنى
ئەس ھەۋەسنى قۇچاقلىغاندا.

— يۈرەك ئىزاھى:
خاتىرىسىز ئوت ئوقيا يىلنامىسى.

## 7. دېڭىز يىلنامىسى

مۇقەددىمىگە قارالسۇن.

## 8. ئەڭگۈشتەر يىلنامىسى

قىلىچىغا ئاي شولىسى قوشى ئېسىلغان
تۇلپارنى ئۆلۈم سۈيىدە سۇغارغان سەردار
خاتىرىسىز ئوت ئوقيا يىلنامىسىنى
مۇقەددىمە دېڭىزىدا تاپقان شامالدا
قان كۆكلىمى ئەھدىنامىسى نەقىشلەنگەن

جەزىرىدىن ئۈنگەن قەدىم قوڭغۇراقنى
چالار
چالدى
چالغان
چالماقتا. . .
قىلىپ ئەڭگۈشتەر!

1990 - يىل



## شەبنەم سايىسى

ئويغانماقتا قەلبىمدە شەبنەم،
نۇر بەرگىدە يۈكسەك سايىسى.
قوڭغۇراقلار ئۆرلەيدۇ قومدىن،
سەدەپ ئىچرە كىشنەر مەي ئىسى.
ئاي. . . تامچە مەي،
كۆك. . . قاراڭغۇ جام،
باشاقلارغا كۆمۈلگەن ساقى.
يۇلتۇزلارنى يىغلايدۇ ئاشىق،
ھىجران تېنى شەبنەمدە باقى.
كىرپىكلەردە تۈنىگەن يەلكەن
ياقار تەندە دېڭىز شامىنى.
تۈن كۆكسىدە تۇزلۇق جاراھەت
سۇنار كىمگە ۋىسال جامىنى؟
ئەي، ھىجرانكەش،
ئەي، قۇش چۇقانى،
قان ئەينىكى يىتتۇرگەن چېھىر!
سەن ماياكنى ئازدۇرغان دولقۇن،

يەردە ئاتەش سەن يەردە مېھىر.
قاغىلارنىڭ ئۆركىشى يېتكەن،
سەندە زۇلمەت ئۆرتىنەر بىراق.
ۋۇجۇدۇڭدا قۇياش بىر زەررە،
سەن مەست دېڭىز،
كۇللىرىڭ قىرغاق. . .
چېچەك يېشى.
بۇلبۇل.
كۆيۈك باغ.
جان يولۋىسى ھۇۋلار قان تۇنى.
قوپار گۆرلەر دەريا ئۇنىدە،
كۆرەر كارۋان چۇشلەر گۇلگۇنى.
توز تۇسگە كىرەر سۇكۇنات،
ياپراقلارغا سىڭمەكتە ئارمان.
چېچەكلەردىن قان كەلگەن بۇدەم،
چۇشۇمەكتە شەبنەمدە ئاسمان.

1991 ـ يىل



## تەن

بارماقلىرىم تۇغار بارماقلار،
بارماقلاردا قورشايمەن سېنى.
ھۇجۇم قىلىپ قېنىڭ قېنىمغا،
ئىشغال قىلار ئەينەكتە مېنى.
كۆزۈڭ قولۇڭ قۇچىقىڭ ئۇنۇڭ —
ئەينەك! . . .
ئۇندا ئۆلگەن سايە، كۇن.
بەدىنىڭگە لەڭگەر تاشلىغان
يەلكەنلەردىن ئېقىپ چىقار تۇن.
سۇزۇك قەسىر كارىۋات ئۆركىشى،
بۇلاقلاردا يوقالغان ئالۋۇن.
مەن ئۆلۇمدە تىرىلگەن ئۆلۇم
گويا شەبنەم ئۇستىدە يالقۇن.
ئېزىققاندا بىزدە مۇساپە،
ئاي تىترىشى چېقىلار گۇلدە.
ھاڭلىرىڭدىن ئۆرلىسە چۇقان،
سۇبھى ياقار چۇقانىم كۇلدە.

ئوقيايىمدىن ئاقار ياراڭغا
نۇر بېغىغا ئورالغان دەريا.
ئۈنلەر شەھۋەت يۇلتۇزلار ئارا،
بىر قوچاقتا سىغقاندا دۇنيا.
ساڭا ماڭا بولغاندى توپراق،
تېنىمىزدە لەيلەيدۇ دېڭىز.
ماڭدۇق قاندا ئىزلار قالدۇرۇپ،
روھ پەسلىدە چېچەكلەيدۇ ئىز.

1991 - يىل



## قوياش — ئەقىدە

ھاكلاشقان دېڭىزنى يۆتكەر ئورنىدىن
قىزىغان ساھىلدا ئويغانغان قوياش.
كۆزلەردە سارغايغان باشاقلار ئىچرە
ئاقماقتا نۇر بولۇپ دولقۇنلىغان تاش.
قاغىلار ئۇنىدە چاك كەتكەن كۆزۈم
بوزغۇننى چۈشىگەن قۇمدىكى يەلكەن.
تۈن يىتكەن پەرىشان ئاشىق ئۆپكى
مەشۇقى لېۋىدە جان ئۈزگەن جەرەن.
بۇ زېمىن يەنىلا يوقالماس مۇقام،
يوپۇرماق تاشلىغان تېنىمدىن ئۆتەر.
ئۆيغۇتار يىلتىزدا قاتقان نىگاھنى،
گوياكى ئۇچقاندەك قېنىمدىن كەپتەر.
ئىپاردەك بالقىغان چاغدا گۈلدىن كۆك،
ھىجراندا سەرسانە يەرنى چۈشىدىم.
ئەي بۆيۈك جەسەتتە كۆكلىگەن نەپەس،
شامالدا مەن يەنە سېنى كۆشىدىم.
بولاقلار شولىسى چۈشكەن يۈرىكىم

شۋاقلار ئۇستىدە چاقنىغان قوڭغۇز.
كىم ئەبەد بەرگىدە قۇرۇغان شەبنەم،
كىم دېڭىز گېلىدە قانىغان يۇلتۇز؟
دېڭىزنى يۆتكىگەن قۇياش؟ ئەقىدە؟
باشاقتا نۇر بولۇپ ئاققان تاش؟ گۇمان؟
يىراقتىن ئاڭلانغان كىمنىڭ تىۋىشى؟
ئىنتىزار جاناندەك تىترەيدۇ جاھان.

1991 - يىل



# ئۇيغۇرچە تۇيغۇلار

## 1. موخۇركا

گۇمانلىق قان. . .
سىرلارغا بۇلغانغان چېچەك چېھرىدىن
دومىلايدۇ باشاق ئۆلگەن ئالقانغا.

## 2. بادام دوپپا

كىرپىكلەردە توزۇغان تۇلپار ماتىمىدە. . .
تۇتەكلەرگە ئايلىنار
كۆزلەردىن كېمىلەرنىڭ ئاققىنىنى
كۆرگەن تاشلار.

## 3. داپ ئۇسسۇلى

تەڭرىنى
تەجەللى شامىلى تاشلار تۇپراققا،

ياڭرىغاندا ئەزەن ـ تەكبىر تەن مەسچىتىدە.

## 4. مۇقام

بىر مۇردىنى
سۆرەيدۇ ئون ئىككى پەرىزات
ئۆز باغلىرىغا.

## 5. ئەتلەس

ھاۋايى ھەۋەستىن
ھىجران قۇياشىغىچە
كۆتۈرۈلگەن ھەسەن ـ ھۈسەن ئۈستىدە
بوۋامنى ئىزدىگەن قەبرىنى كۆردۈم.

## 6. مىخچۆي

سۇكۇنات مۇقامى.
قەلئە —
تۇتقۇن قىلغان روھ دىۋىسىنى.
ئاخىرقى پۇشتى تاش سۇلالىسىنىڭ.



## 7. مۇسەللەس

ئۇنتۇش پەرىسى!
مەن ئەسلىمە قەمەرلىرىگە تولغان قەدىناس،
ئىچىشەيلى، كەل،
ئىلاھى بۆرىنىڭ باش سۆڭىكىدە.

## 8. تونۇر

ئۇنەر ئالتۇندا
شەھەردىن قوغلاندى قىلىنغان شاراب —
بىزدە ئۇنتۇپ قويۇپ كەتكەن ئەس.

## 9. دۇتار

سەن
تەنلەر چۆلىدە
ئالتۇن تۆگىلەر كارۋىنىغا يول باشلىغان
تىكەن تاجلىق كۇي.
مەن

ئۈچىنچى تارىخ.

## 10. يۈرەك

ئەينەك قەپەس ئۈستىگە
چۈشكەن،
دۇنيا سولانغان تىرەن شەبنەم. . .

1991 - يىل



## سىنتەبردىكى ئۈچرىشىش

كەتمە!
كۆزۈڭدە يەنە شۇ پەرىشان جۈملە.
توزىشار روھىڭغا تۆكۈلگەن خازان،
بىلىمەن، دەرىخا! يېشىڭنى كۈتمە.
يىراقلار تىمتاس
شۇ مۇبارەك قەدەم،
يىقىلغان مەجنۇنتال، ئاھ، ئۆلۈك چوقان.
نىمە ئۇ ئىچىمدە ئاققان سوغ، قاقاس؟
يۈرىكىم قانىغان ياۋا قۇش شۇدەم. . .
سايەڭگە باقار . . . سەن قايرىلغان دوقمۇش،
قۇياش . . . سەن قالدۇرغان بوشلۇقتىن تىرەن.
يوقاتتى ئۆرتەنگەن دىمىڭنى قايتا
تاتارغان شەھەرنى قاپلىغان سۈرەن.

1992 - يىل

## ئوغۇز

ئوغۇز ئۆلگەن قۇتلۇق يەكشەنبە
سەلتەنەتلىك قۇياشلىق تۇپراق.
ئايالىمنىڭ بېشى ياستۇقتا،
تېنى كېزەر ئاشخانىدا، ئوچاقتا بۇلماق.
ئويغىنار يىغلاپ
مىجەزىدە مېنى تارتقان بىر ياشلىق قىزىم.
سىيرىلىپ چۈشەر كاتتىن بىر سېزىم،
چىقار ھەسرەت ناشتىدىن بىخلاپ.
كېچىچە يېزىپ تېخى پۈتمىگەن شېئىر
مانا، ئەمدى مەنىسىدىن ئايرىلغان جەسەت.
كىم؟ !
ئىشىكنى چېكەر تىلەمچى،
چانىقىدىن شىر كەبى ئېتىلغان كۆزلەر —
سەدىقە پەقەت.
چېركاۋ قايدا سەرسان بولۇپ يۈرگەندۇر بۈگۈن؟
مەسچىت ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئۆلۈشكۈن.
غايىپ بولدى ئۆيىمىز غەمكىن تۇماندا،



ھايۋاناتلار باغچىسىدا تەنتەنە.
قىزىم سىيىپ قويسا يۆگەككە،
ھە، ئەنە
ئايالىمنىڭ قول ياغلىقى قالدى شىۋاقتا.
گۈل بەرگىمۇ — ياكى — ئۆلۈك كېپىنەك؟ !
دۇنيا بىزگە قورقۇنچلۇق ئامانەت.
ئاچقۇچلىرىم نەگە يوقالدى؟
پەلەمپەيدىن تېرىۋالدۇق ئۆلۈك كۆزلەرنى،
چوڭايماقتا ئىشىك
ھەمدە
ئۇنداق يوچۇن خەت:
ئوغۇز!
ئوغۇز!
تۇز چېچىڭلار بوسۇقلارغا، تۇز! :
بارماقلىرىم ئارا قۇمدەك توزىغان قەدەھ
كەنتى ئۇچۇپ شەپىرەڭدەك، زۇلمىتىڭگە ئەي ئوغۇز...
دۇنيا يەنىلا ئۇچالماس خانقىز،
يۇزۇم ئېرەر جىنچىراغلارغا،
سۆرەر يولۋاس قەدىمىمنى قوزا قېنىغا.
سەن ئەزەلدىن يوقالغان تۇمار،
دەريا شەھۋىتى يۇكسەكلىكىمدە!

كۆك ساڭىلا مايىل، چۈنكى، ئۇ
ئاتا قىلار ماڭا ئەگۈشتەر.
تېپىلغانمىش ئابىدە تاش يېزىلغانمىش ئاڭا:
«مەن سېسغان ئوغۇز تېنىدىن ئۇنۇپ چىققان تۆت قولاق ئوغۇز
. . . ئوغۇز ئاقار تۆرەلمىلەرگە،
مەن ئۆلۈمگە چاپلاشتىم جىنىدەك.
قەدەھ تىمتاس، (كۆزۈمگە ئۇ شۇنداق كۆرۈندى)
بىراق، مەي
ئىزهار قىلار قاباھىتىم سېھرىنى، بەلكى.
ئوغۇز! ئۆزۈڭ يىلتىز بىپايان،
ئەمما كېچەر سەندىن يوپۇرماق.
سەن ئاقلىقتىن قاچقان يەتتە رەڭ،
مەن سەككىزنى كۆيدۈرگەن قۇچاق.
سەن،
ئەزەلدىنلا. . . يەنە. . . ئەينى ئۇ،
ئاشىق ئەمچەك تۆكۈپ قالغان ئۇلۇغ سۇ.
سۇ ئەبەدىي تاش ئەمەس، ئەمما،
مەن ئوغۇزنىڭ زۇلمىتىدە نۇر!
چىمغا كىيىك قالسا پۇتلىشىپ،
نۇھ كېلىدۇ بىزنى ئەيلەپ ئوغۇز توپانى. . .
شۇنداقتىمۇ:



ئۆلۈكلەر ئارا ياشايمەن يالغۇز.
لەۋھە: —
(تۇن تاتارماس مەۋجۇت ئىدى كۈن)
كىم دەر مېنى پەرىشان ئۆگزە،
ياكى قاتقان ھاۋا كۆزۈڭدە؟
دەرەخلەردىن تېمىۋاتقان سۈكۈنات
سەپكۈن بولۇپ چېچەكلەيدۇ يۈزۈڭدە.
كىم؟ تۇز؟
مېنىڭ بىرلە تۇزلىنار
يوچۇن تىۋىش بولغىغان ئوغۇز.
ئوغۇز! يوقال
تەقدىرىمدىن،
كەندىرىمدىن
مەي ئال،
بوغۇز!
سەرخۇشلۇقۇم — ھەيھات! — مېنىڭ ئۈچ ئوغلۇم:
ئاسمان،
تاغ،
دېڭىز.
مەن يا بىلەن قالقان ئارا ئويغانغان تەشۋىش،
نىجاتلىقىم تامان بۆرە قالدۇرمىدى ئىز. . .

ئاسمان ھۆۋلاپ قۇتۇلماس زېمىن،
تەشۋىش يەنە سوقار ئىزغىرىن.
ئەسكەرتىش:
(يەكشەنبىنى ئۆتكۈزدۇق خۇشال،
بوسۇقلاردا تۇرار كۈنپېتىش) .

1992 ـ يىل



## مۆجىزە

1

ۋادەرىخا! . . .
تەن پەرىشان،
بارلىق كىتابلارنى ئوقۇپ چىقتىم. (ماللارمى) .

2

ئاق قەغەز.
ئالدىمدا بۇ ئۈزلۈكسىز مۆجىزە. . .
غالجىر يالىڭاچلىق ئالدىدا تۇرغان ئىشقىۋاز قىزدەك
ئاڭا تەلتۆكۈس بېغىشلىنىمەن.
نېمىدىگەن سېھىرگەر بۇ دولقۇنلاۋاتقان ئاقلىق!
ئۇنىڭ بىر تامچىسى قېنىمغا تامدى،
ئىچىمدە پەقەت بىر نەرسە مەۋجۇت: ھېچنېمە ئۆرتەنمەكتە.
ئاقلىق!
ئەي سەن مېنىڭ تۇنجى ئىسىم، ئەي يوقىغان جەننەت.

پىرئون جەسىتى،
بابىل مۇنارى،
ئەلئىبھرام،
سەددىچىن،
مىڭئۆي. . . . .
ھەممىسى بۇدەم سەندە ئېرىشۋاتقان چېكىتلەر.
ئەي، تەبىئەتنىڭ سوقۇۋاتقان قەلبى،
شائىرنىڭ سۈكۈناتى،
ماتېماتىكىشۇناسنىڭ سەلتەنەتلىك نۆلى. . . !
سەن تامان كېتىۋاتقان سۈرگۈن شاھزادىلەرنى ئۇچراتتىم.
قۇياش ئۆزىنى سەن ئۈچۈن ئەبەدىي تەكرارلىماقتا.
بوۋاقلار كۆزىدە چاقنىشىڭنى كۆردۈم.
ئۆلۈكلەر ئاغزىدا تەۋەررۇك تاجىڭ.

بىز ساڭا تەئەللۇق
ھەممە ئاخىرى ساڭا قايتىمىز. (قۇرئان).

3

ئۇلار مېنى گۇناھكار ئاتىدى.
ئۇلار نەزەرىدە:



ئۆزۈمنى ئەيساغا ئوخشاش كرېستقا تەقدىم قىلىشىم كېرەك.
مەن راستىنلا قۇربانلىق قويىغا ئوخشامدىمەن؟
ئىنسانىيەت ئۆز گۇناھىنى مەن بىلەن يۇيۇشقا توغرا كەلسە،
مۇنداق بىر ئىلتىماسىم بار:
ئۆزۈمگە قايتىشقا بىر دەملىك ۋاقىت بېرىڭلار.

ئېھ، ئەيسا!
سەن ئۆزۈڭنى نېمە قىلدىڭ؟!
قەلبىڭدىكى ئاشۇ تىكەننى ھېس قىلغانمىدىڭ.
سەن نېمىدىگەن چىداملىق يىگىت،
تىكەن قاناتقان يۈرىكىڭ سوقۇشتىن توختىغىچە
پاجىئەلىك سىرنى ئاشكارىلىمىدىڭ.
ئىنسانىيەتكە بولغان ئىشەنچىڭ ئۆزۈڭدىنمۇ بۈيۈك كەلدى.!
ئالدىڭدا تاماشا كۆرۈپ تۇرغان يېرۇسالىم پۇقرالىرى
ئۆلۈمىڭنى ئەمەس، ئەپسۇسكى،
كرېستقا مىخلانغان تېنىڭنى ئۇلۇغلىدى.
ئۇلار سېنى قايتا تىرىلدۈرۈشتى:
يۈرىكىڭدىكى تىكەننى كۆرمەي،
ئاققان قېنىڭدىن ئۈركۈشتى.
ئاھ. . . قارىغۇ ئىنسانىيەت!!!
سېنى ئازابلىغان ئاشۇ تىكەن، شۇ پاجىئەلىك سىر

ئۇلارغا سۆيگۈنى ئۆگىتەلمىدى.
شۇڭا سەن داۋاملىق كرېستقا مىخلىنىپ كېلىۋاتىسەن.
ئەمدى مېنىڭ نۆۋىتىم كەلدى.
مېنى كەچۈرگىن!
مەن سىرنى ئاشكارىلىدىم.
ئۇلارغا:
دۇنياغا مەنە ئىزدەپ ئاۋارە بولماڭلار، دېدىم.
ھايات ئۆزىنى ئاقلاشقا مەجبۇر ئەمەس.
ئۇلار گۇناھسىز، مەنمۇ گۇناھكار ئەمەس.
دۇنيانى تەپەككۇر قىلىپ كۆزىتىپ ئولتۇرماڭلار.
پەقەتلا، ئۇندىكى ھەر نەرسىنى سۆيۈڭلار.
فەرھادقا ئوخشاش
شىرىننى،
ھېكمەتكە ئەمەس، سۇغا تەشنا چاڭقىغانلارنى سۆيۈڭلار.

4

كرېست ئۈستىدە تەبەسسۇمىمىنىڭ سايىسىنى
كۆردۇم.

1992 - يىل



## شامال ھەققىدە چۆچەك

1

شامال
سەرگەردان بالا.

2

ئاخشام
كېزىپ چىققى كوچىلارنى،
ئېيتىشتى ئاڭا دەردلىرىنى
تۆكۈلگەن ياپراقلار.

3

يېرىم كېچە.
ئويغاتتى ئۇنى بوۋاق يىغىسى.

دېرىزىدىن باقتى،
كۆردى
ئېگىزكى چۈشكەن ئانىنى
بۆشۈك يېنىدا.

## 4

شامال
يۆتىلىدۇ ئۇزاققىچە. . .

## 5

ئۇلتۇرىدۇ ئۇ
شېخىدا سۆگەتنىڭ.
چۈشەپ قاپتۇ يىلتىز بۇ كېچە
سادىر پالۋاننى:
چاقىرغۇدەكمىش قەبرە ئىچىدە
— ئادەمزات بارمۇ! . . .
ئۆرۈپ بەردى شامال يىلتىزغا
ئۇنىڭ چۈشىنى.



## 6

يامغۇرلۇق كېچە. . .
ئورمان ئىچىدە يىغلايدۇ شامال
ئېچىنىپ
قۇشقاچلارنىڭ ھالىغا.

## 7

كۇنلەرنىڭ بىرىدە
چىقتى شامال تاغ چوققىسىغا.
كۆردى ئۇندا
قەتل قىلىنغان بۇركۇتنى.
قايغۇردى،
ئاتتى ئۆزىنى قىيا ھاڭغا،
شۇندىن بېرى
غايىپ بولدى ئۇ.

1986 - يىل

## ئارمان

ئېسىمدە. . .
ئۆلۈپ كەتتى بەزىلەر،
يۇمۇلمىدى
ھايات قالدى كۆزلىرى.
شۇ كۆزلەرگە ئۆيدى قان بولۇپ
ئېيتالمىغان سۆزلىرى.
ئاھ. . .
ئۆلگەن ۋۇجۇتتا تىرىك كۆزلەر!
تىرىك كۆمۈلگەن شۇ كۆزلەرنىڭ
ئاچچىق ئاھىمۇ
قەبرىسىدە ئۈنگەن بۇ چېچەك؟

1986 ـ يىل



## ئىلتىجا

قاچقىن ئېسىم،
كەت!
ئىشىكىڭنى چەكتى ھەقىقەت.

1986 ـ يىل

## نېچۈن

نېچۈن؟
سۇدا ئۈنۈپ چىققاندا ئېسىم،
قالار تەمتىرەپ
تۇتقان ھالدا سىرلار بىردەم بارماقلىرىمنى.
نېچۈن؟
سەكرىگەندە بېلىقلار
ئەسلىمىلەر چىملىقلىرىدا،
يېرىلىدۇ چاراسلاپ
باش سۆڭىكى كېچىنىڭ.
نېچۈن ئۆچمەس ھەسرەت شەپىقى؟

1987 - يىل



مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇراخمان ئەبەي
مەسئۇل كوررېكتورى: مەريەم ئابدۇرېھىم
تېخرېداكتورى: مەمەتئېلى لېتىپ

روھ پەسلى
ئەخمەتجان ئوسمان

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168 ×850مم، 50 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 1.625
1996 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
1996 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7-5371-2110-7/I.688
سانى: 1 — 3000
باھاسى: 1.70 يۈەن

责任编辑：阿·艾白
责任校对：马丽亚木·阿不都热依木
技术编辑：买买提艾力

灵魂之季（维吾尔文）
艾合买江·乌斯曼 著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米 50开本 1.625印张
1996年9月第1版 1996年9月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN7—5371—2110—7/I·688 定价：1.70元